# 20803 ـ قۇرئاننى يادقا ئېلىشنىڭ ئەجرى

## سۇئال

ھافىز(قۇرئاننى يادقا ئالغۇچى)بولۇشنىڭ ئەجرى نىمە ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

كىمكى قۇرئاننى يادقا ئالىدىكەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ھەركەت قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ ئۇچۈن ئاللاھ ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ ھەمدە ئۇنى كاتتا شان-شەرەپلىك ئىگە قىلىدۇ ،شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئورنى ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن يادلىغان مىقدارى بويىچە كۆتۈرلىدۇ .

تىرمىزىي(2914) ، ئەبۇ داۋۇت(1464) ، ئابدۇللاھ بىن ئامىردىن نەقىل قىلىدىكى ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : قۇرئاننىڭ ھەمرىيىغا : تىلاۋەت قىلغىن ھەمدە كۆتۈرۈلگىن ، سەن بۇدۇنيادا تىلاۋەت قىلغىنىڭدەك تىلاۋەت قىلغىن ، چۈنكى سېنىڭ ئورنۇڭ سەن تىلاۋەت قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە بولىدۇ . ( بۇ ھەدىس [السلسلة الصحيحة(5281 ) ] تە ئەلبانىي تەرىپىدىن توغرا ھەدىس دەپ تۈرگە ئايرىلدى .) ئۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇنداق دىدى : شۇنى بىلىڭكى ، قۇرئاننىڭ ھەمرىيى دىگەننىڭ مەنىسى قۇرئاننى يادقا ئالغۇچى دىگەنلىك ، پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئېيىتقاندەك : قۇرئاننى كۆپرەك بىلگۈچى نامازدا كىشىلەرگە ئىماملىق قىلىدۇ ، بۇنىڭ مەنىسى قۇرئاننى ئەڭ كۆپ يادقا ئالغۇچى دىگەنلىك .جەننەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەن بولۇشى بەزى كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇ كۈندە قانچىلىك تىلاۋەت قىلىشىغا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ بۇدۇنيادا قۇرئاندىن قانچىلىك يادقا ئالغانلىقىغا باغلىق . بۇ، قۇرئاننى يادقا ئالغۇچىنىڭ پەزىلىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ ، بىراق شەرىت قۇرئاننى دۇنياۋى مەقسەتلەر ياكى ئېقتىسادى مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس ، ئاللاھ ئۈچۈن يادلىغان بولۇشى كېرەك .ئۇنداق بولمايدىكەن پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن )مۇنداق دىگەن : مىنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدىكى مۇناپىقلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرئاننى يادقا ئالغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ .

قۇرئاننى يادقا ئالغۇچى ھافىزنىڭ پەزىلىتى توغىرىسىدا ، بۇخارىي(4937) ئائىشە دىن نەقىل قىلىدىكى ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن )مۇنداق دىگەن :

قۇرئاننى ئوقۇغۇچى ۋە ئۇنى يادقا ئالغۇچىنىڭ مىسالى بولسا ، ئۇ ياخشى ھۆرمەتلىك پۈتۈكچىلەر(پەرىشتىلەر) بىلەن بىللىدۇر . ئۇنى ئوقۇيدىغان ، گەرچە ئۇنىڭغا قىيىن كەلگەن بولسىمۇ ئۇنى يادقا ئېلىشقا قاتتىق تىرىشقۇچىنىڭ مىسالى بولسا ، ئۇ ئىككى ئەجىرگە ئىگە بولىدۇ .

قۇرئاننى يادقا ئالغۇچى ھافىزغا نىسبەتەن كىچىلىك ناماز ئۆتەش ئاسان بولىدۇ .ھەمدە قۇرئان ئۇنى قىيامەت كۈنى تىلىۋالىدۇ(شاپائەت قىلىدۇ) ، چۈنكى پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن )مۇنداق دىگەن : روزا ۋە

قۇرئان كىشىنى قىيامەت كۈنى تىلىشۋالىدۇ(شاپائەت قىلىدۇ ) . روزا دەيدۇ : ئى پەرۋەردىگار ، مەن ئۇنى كۈندۈزى يېمەك- ئىچمەكتىن ۋە كۆڭۈل ھەۋەسلىرىدىن مەھرۇم قىلدىم ، شۇڭا ئۇنى تىلىشۋالاي . قۇرئان دەيدۇ : ئى پەرۋەردىگار ، مەن ئۇنى كېچىدە ئۇخلاشتىن مەھرۇم قىلدىم ، شۇڭا مەن ئۇنى تىلىشۋالاي . ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇنى تىلىشۋالىدۇ . ئۇنى ئەھمەت ، تەبەرانىي ۋە ھاكىم نەقىل قىلغان ؛ ئەلبانىي[ صحيح الجامع(3882)] دە توغرا دەپ تۈرگە ئايرىغان .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كىرەككى ، قۇرئاننى يادقا ئېلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە تىلغا ئېلىنغان ئاجىز ھەدىس بار . ئۇ بولسا : قۇرئاننى ئېلىپ يۈرگۈچى ، ئەگەر ئۇ ھالال قىلغان نەرسىنى ھالال ، ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ قارىسا ، ئۇ قىيامەت كۈنى ئائىلىسىدىن ئون كىشىنى تىلىشۋالىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىشكە لايىق كىشىلەردۇر . بۇنى بەيھەقىي[ الشعب ] تە جابىردىن نەقىل قىلغان ، ھەمدە ئۇنى ئەلبانىي [ضعيف الجامع] تا ئاجىز دەپ تۈرگە ئايرىغان .